# يېزىق ئۆزگەرتىش توغرىسىدا 1960 - يىلى نەشىر قىلىنغان كىتاپ ھەققىدە

ئەزىز ئەيسا (ئەلكۈن)

"تىل بىر مىللەتنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىدىكى شەرتى ھېسابلانسا، يېزىق شۇ تىلنىڭ راۋاجلىنىش كاپالىتىدۇر"

**سۆز بېشى**

ئەسسالامۇئەلەيكۇم تورداشلار، مەن يېقىندا باغداش تور سەھىپىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان "ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى قانداق بارلىققا كەلگەن؟ " دېگەن تېمىدىكى سوئال ۋە بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلەرنى كۆردۈم. مەن شۇ ۋاقىتتا ئۆزەمدە بۇ ھەقتە كونا كىتاپلارنىڭ بارلىغىنى ئېسىمگە ئېلىپ، شۇ كىتاپلاردىكى مەزمۇنلارنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە بىلدۈرۈشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغان ئىدىم ئەمما بۇ ئىشنى قىلىش ئۆتكەنكى 2 ـ 3 ئايلاردىن بۇيان خىزمەت ئالدىراشچىلىقىدا نېسىپ بولمىدى. بۇ تەرىپى سىلەرگىمۇ ئايان ئەلبەتتە، ھەممىمىزنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى كۆپ، ۋەزىپىمىز ئېغىر، بىر كىشىلىك خىزمەت ئالۋىڭىنى ئادا قىلىپ ئائىلىمىزنى باقمىساق بولمايدۇ، بالىلىرىمىزنىڭ ئوقۇشىغا كۆڭۈل بولمىسەك ھەم بولمايدۇ. خەلقىمىز كوڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرگەقۇلاق سالمىساق تېخىمۇ بولمايدۇ..."قىلمىساق بولمايدۇ.." لار بىز ئۈچۈن كۆپ، ۋاقىت بىر-بىرىگە ئۇلاشماي ئادىراشچانلىقتا ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ..

ئارلىقتىن بىر مەزگىل ئۆتكەن بولسىمۇ مەن بۈگۈن بۇ ھەقتىكى تېمىنى قاياتا كۆرگەندىن كېيىن قەتئىيلىك بىلەن قىممەتلىك 2 سائەت ۋاقتىمنى بۇ تېما ئۈستىدە سەرىپ قىلىشنى قارار قىلىپ، كىتاپخانەمدىن شۇ توغرىسىدىكى بىر كىتاپنى تېپىپ چىقتىم .

بۇ كىتاپ 1960- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشرقىلىنغان بولۇپ ئىسمى "سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنىڭ تىل-يېزىق ساھەسىدىكى ئۇلۇغ غەلىبىسى ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ تېخىمۇ ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقى ئۈچۈن كۈرەشەيلى". بۇ كىتاپنى مەن 1991- يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتىتىدە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، خىزمەت تەقسىماتى كۈتۈپ تۇرغان ۋاقتىمدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتىتىنىڭ كونا كۈتۈخانىسى ئارقىسىغا ئاق رەڭلىك 10 نەچچە قەۋەتلىك بىر ھەيۋەتلىك كۈتۈپخانا سېلىنىپ، ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، بارلىق كىتاپلارنى شۇ كونا كۈتۈپخانىدىن بۇ يېڭى كۈتۈپخانىغا يۆتكىگەن ئىدى. شۇ ۋاقىتتا بارلىق "قىممىتى يوق كىتاپلار" دەپ قارالغان كىتاپلارنى 1 مۆچەندىن تۆكمە قىلىپ ساتقان. مەن شۇ ۋاقىتتا 1940- يىللىرى تاشكەنتتە بېسىلغان ئۇيغۇر كونا يېزىقدىكى كىتاپلاردىن تارتىپ 1980- يىللىرىغىچە بولغان ئارلىقتىكى ئۇيغۇر كونا يېزىقى ۋە يېڭى يېزىقدىكى كىتاپلاردىن بولۇپ، ئۆزەم قىممىتى بار دەپ قارىغان 100 نەچچە كىتاپنى تاللاپ سېتىۋالغانلىغىم ئېسىمدە. ئەينى ۋاقىتتا بۇ كىتاپلار مەن ئۈچۈن ئوقۇش پۈتتۈرۈشتىنمۇ كۆپرەك بىر خوشاللىنارلىق ئىش بولۇپ تۇيۇلغان، ئۆزەمنى بىر تېپىلماس بايلىققا ئىگە بولغاندەك ھېىس قىلغان ئىدىم.

مەن تۆۋەندە 1960- يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ھۆكۈمەت رەئىسى ۋە جۇڭگۇ كوممىنىستىك پارتىيەسى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارمىقىنىڭ 2- سېكرىتارى بولۇپ خىزمەت قىلغان سەيپىدىن ئەزىزنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ۋە جۇڭگۇ ھۆكۈمەت باشلىقى جۇئېنلەينىڭ بىۋاستە كۆرسەتمىسى بويىچە ئۇيغۇر ئېلىدە ئېلىپ بېرىلغان يېزىق ئۆزگەرتىش توغرىسىدا نەشر قىلىنغان كىتاپتىن قىسقىچە چۈشەنچە بەرمەكچىمەن .

مەزكۇر كىتاپتىكى مەزمۇنلار ئۇيغۇرلار 10- ئەسىردىن باشلاپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن تارتىپ 1000 يىللاردىن بۇيان قوللۇنۇپ كەلگەن ۋە بۇ يېزىق ئارقىلىق ئۇيغۇر تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئالەمشۇمۇل نامايەندە ۋە جەۋەرلىرىنى ياراتقان ئۇيغۇرنىڭ ئاتا مىراس يېزىقىنىڭ قانداق بىر شارائىتتا، قانداق تەشەببۇسكارلىق، سەۋەپ ۋە تەشۋىقاتلار بىلەن 1960- يىلىغا كەلگەندە خەن يېزىقىنىڭ فونتىكىلىق (پىن يىن) ئېلىپبەسىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ خەلقىنىڭ رايىسىز مەجبۇر ئۆزگەرتىلگەنلىكى توغرىسىدىكى ناھايىتى مۇھىم بولغان بىرتۇرلۇك تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلۈك مەنبەلەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ .

1962- يىلىدىن 1982- يىلىغىچە بولغان 20 يىل داۋام قىلغان ئاتالمىش "مەينەت ئىنقىلاۋى" نىڭ باشلىنىش نوقتىسى بولۇپ ئېلىپ بېرىلغان يېزىق ئوزگەرتىش ۋە يېزىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۈرۈشى شۇ يىللاردا ئۇيغۇر ئېلىدە ئەزەلدىنلا مائارىپ سەۋىيەسى تۆۋەن بولغان ئۇيغۇر خەلقى بۇ يېزىق ئۆزگەرتىش

سىياستى ئارقىلىق سۈنئىي شەكىلدە ساۋاتسىز قالدۇرۇلدى، يۈز مىڭلارچە ئۇيغۇر ياشلىرى مەزكۇر يېزىق ئۆزگەرتىش سىياسىتىنىڭ بىۋاستە زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ قايتىدىن ساۋاتسىزلار قوشۇنىغا قوشۇلدى. پۈتۈن ئەۋلاد بويىچە ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا مۆلچەرلىگۈسىز يوقىتىشلارنى ئېلىپ كەلدى. قىسقىسى بىر ئائىلىدە ئاتا بالىسىنىڭ يازغان خېتىنى تەرجىمانسىز ئوقۇيالمايدىغان، بالا ئاتىسىنىڭ يازغان خېتىنى تەرجىمانسىز ئوقۇيالمايدىغان يېڭى تىپتىكى ساۋاتسىزلارنى يېتىشتۈرگەن بۇ ئاتالمىش يېزىق ئۆزگەرتىش سىياسىتىنىڭ ئەلەملىك يارىسى خەلقىمىزنىڭ خاتىرىسىدىن تېخى كۆتۈرۈلمىدى. بۇ يېزىق ئۆزگەرتىش بالاسى تۈگىگەندىن كېيىنكى 20 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر تىل ۋە يېزىقى قايتىدىن ئۆز ئەسلىگە كېلىش، گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقاندا پەيتتە "قوش تىللىق مائارىپ" سىياستى ئىجات قىلىنىپ بوۋاقلاردىن باشلاپ خەن تىلى ئۆگىنىشكە مەجبۇرى قىلىندى....

**تارىخ كۆپىنچە ئادەملەرنىڭ ئۆتكەن كۈنلەردىن ساۋاق ئېلىپ، كەلگۈسىنى قانداق يارىتىشىنى ئۆگىتىش مەقسىتىدە يېزىلغان بولىدۇ.**

جۇڭگونىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك قانۇن - بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ئىگىسى ھېساپلانغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تىل ۋە يېزىقى "يېزىق ئۆزگەرتىش" بالاسىدىن 20 نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە يەنە بىر قېتىم ھايات - ماماتلىق قاتتىق سىناققا دۇچ كەلدى ۋە كېلىۋاتىدۇ. شۇ سەۋەپتىن بۇ ئاي بۇ يىللاردا ئۆتكەنكى يېزىقىمىزنىڭ ئۆزگەرتىلىش تارىخىنى ئەسلەش، شۇ ۋاقىتتىكى ئىجتىمائى ۋە سىياسى ۋەزىيەتلەرنى ئۆگىنىش، چۈشىنىش، تەتقىق قىلىش بەدىلىگە كەلگۈسى ئۇيغۇر تىل- يېزىقىنىڭ ئۇيغۇر مائارىپىدا تولۇق قوللىنىلىشىدىكى قانۇنىي ئورنىنى قوغداش، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمايى ساھەلىردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىشلىتىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدۇرۇش ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتىغا قانداق بىر توغرا يول تېپىپ چىقىش توغرىسىد اچوڭقۇر ئويلىنىشىمىزغا ئېلىپ بارىدۇ ئەلبەتتە .

ئىشىنىمەنكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ 1949- يىلىدىن كېيىنكى تەرەققىيات تارىخى ۋە كەلگۈسى تەقدىرى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقانلار ئۈچۈن، بولۇپمۇ كەڭ ياشلىرىمىزغا ئاتا - ئانا ۋە بوۋىلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئەينى يىللاردىكى "مەدەنىيەت" يوقۇتۇش بالايى - ئاپەتلىك يىللاردا قانداق سىياسىي، جىسمانىي، مانىۋىي كۈلپەت ۋە كۈرەشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىگىنى بىلدۈرۈشتىمۇ قىممەتلىك بىر تارىخ دەرسى بولالايدۇ دىگەن ئۈمۈتتىمەن.

## كىتاب توغرىسىدا

## كىتاب ئىسمى:

"سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنىڭ تىل – يېزىق ساھەسىدىكى ئۇلۇغ غەلبىسى ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ تېخىمۇ ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقى ئۈچۈن كۈرەشەيلى"

## كىتاب ئىچىدىكى مەزمۇنلار:

بۇ كىتاپقا 1960- يىلدىن بۇرۇن يېزىلغان سەيپىدىن ئەزىزى، ئابدۇللا زاكىروۋ (ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىپىسى: ئاپتونوم رايولۇق ھۆكۈمەتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، تىل- يېزىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، ئەلقەم ئەختەم (ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىپىسى: ئاپتونوم رايونلۇق يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ) قاتارلىقلارنىڭ يېزىق ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلىگى توغرىسىدا يازغان (يىغىنلاردا سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى) ۋە كىتاپنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا شىنجاڭ گېزىتىنىڭ 1959- يىلى 12- ئاينىڭ 17- كۈنى بېسىلغان بىر پارچە باش ماقالىسى بېرىلگەن بولۇپ، بۇ ماقالىلارنىڭ بىر قىسىملىرى ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلىنغانلىغى قەيت قىلىنغان .

## كىتاپ مۇندەرىجىسى:

سەيپىدىن ئەزىزى: سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنىڭ تىل - يېزىق ساھەسىدىكى ئۇلۇغ غەلبىسى ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ تېخىمۇ ئىتتىپاقلىقى ۋە غەلبىسى ئۈچۈن كۈرەشەيلى

ئابدۇللا زاكىروۋ: يېزىق ئۆزگەرتىش ھەققىدە دوكلات

ئەلقەم ئەختەم: يېڭى ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسى

شىنجاڭ گېزىتىنىڭ 1959- يىلى 12- ئاينىڭ 17- كۈندىكى باش ماقالىسى:
ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىغىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشنىڭ ياخشى باشلىنىشى

**كىتاپ ھەجمى ۋە سانى:** 147 بەتتىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، 5000 دانە بېسىلغان .
**كىتاپ نۇمرى** MT9098.1
**كىتاپ باھاسى :** 0.28 يۈئەن .

**كىتاپنى نەشر قىلغان ئورۇن ۋە ۋاقتى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى. 1960 - يىلى.

**كىتاپتىكى مەزمۇنلاردىن قىسقىچە ئۆزۈندىلەر:**

" ـئازادلىقتىن كېيىنكى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ماۋجۇشىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ئۇلۇغ خەنزۇ خەلقىنىڭ يېقىن ياردىمى ئارقىسىدا، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدە بولسۇن، چوڭ تەرەققىياتلارغا ئىگە بولدى. بۇ چوڭ تەرەققىياتلار مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىق تەرەققىياتىنىمۇ ئالغا سۈردى."

- سەيپىددىن ئەزىزى (2- بەت)

“ ـقوللىنىلىۋاتقان يېزىقنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تىللىرىغا مۇۋاپىق ئەمەسلىگى، ئۇنىڭ مۇرەككەپ ۋە ئۆگىنىشكە قىيىنلىغى ھەممىگە مەلۇم ..."

- سەيپىددىن ئەزىزى (2- بەت)

"ـسوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرلەش ۋە خەلق گوڭشېلىرىنىڭ ئومۇلاشتۇرۇلۇشى نەتىجىسىدىكى تەرەققىياتلار مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىغىنىڭمۇ تەرەققى قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە. ئۇيغۇر، قازاق خەلقلىرىنىڭ  يېزىغى ئەندىكى يېڭى تەرەققىياتقا ماسلىشالماي قالدى. شۇڭا كونا يېزىقنى ئۆزگەرتىش، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق بولغان يېڭى يېزىقنى قوللىنىش خىلىدىن بىرى بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرغان مۇھىم ۋەزىپىلەردىن بىرى ئىدى. بۇ قېتىمقى يىغىن مانا مۇشۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىپ، يېڭى يېزىق لاھىيىسىنى، يەنى خەنزۇ تىلىنىڭ فونىتىكىلىق ئېلىپبەسى ئاساسىدا ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىق لاھىيىسىنى ئىشلەپ چىقتى".

- سەيپىددىن ئەزىزى (3- بەت)

" ـبىزنىڭ مۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىلىرىمىز نىمە؟ چوڭ سەكرەپ ئىلگىرلەشتىن بۇيان تەرەققىيات سۈرئىتىمىز 10 يىل ئۆيچورىسىدە ئاساسىي سانائەت مەسىۇلاتلىرى بويىچە ئەنگلىيەگە يېتىشىۋېلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىش..."

- سەيپىدىن ئەزىزى (3- بەت)

" - مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مىللەتلەرنىڭ بىرلىشىپ كېتىش يولى بويىلاپ تەرەققىي ئەتتۈرۈش ئۈچۈن تىل- يېزىق جەھەتتىكى ئۆز - ئارا يېقىنلىق ۋە ئورتاقلىقنى كۈچەيتىش مۇھىم شەرتتۇر.. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەقەت ئۆز تىلى، ئەدەبىياتى بىلەنلا مەدەنىي - مائارىپ، پەن - تېخنىكا ئىشلىرىدا يۇقىرى تەرەققىياتقا ئېرىشەلمەيدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرشۇ ئەلدىكى كۆپ سانلىق ئىلغار مىللەتكە يولۇنىشى، ئەگىشىشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر پەقەت كۆپ سانلىق ئىلغار مىللەتلەرنىڭ ياردىمى بىلەنلا تەرەققىي قىلالايدۇ".

- سەيپىدىن ئەزىزى (3- بەت)

" - مىللەت كاپىتالىزم دەۋرىدە يوقتىن بار بولغان بولسا، سوتسىيالىزم دەۋرىدە يېڭى مەزمۇندىكى يېڭى مىللەتكە ئايلىنىدۇ، كوممۇنىزىمغا بارغاندا يوقۇلىدۇ."

- سەيپىدىن ئەزىزى (12- بەت)

" - جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇ خەلقىغە بىرلىشىدۇ، خەنزۇ خەلقىنىڭ مەدەنىيىتى، تىل - يېزىغى ھەممە ئۈچۈن ئورتاق خۇسۇسىيەت بولۇپ قالىدۇ. بۇ بولسا جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۆلىنىشىدۇر".

- سەيپىدىن ئەزىزى (14- بەت)

" - ئاسسىمىلاتسىيە - بۇ ئەسلىدە بىر نەرسىنىڭ ئىككىنچى بىر نەرسىگە قوشۇلۇپ كېتىشى دىگەن سۆز. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە بولسا، مىللەتلەرنىڭ چېتىلىپ، بىرلىشىپ، ئارلىشىپ كېتىشىگە ئېيتىلىدۇ. كاپىتالىستىك ئەللەردە چوڭ مىللەت ھۆكۈمرانلىرىنىڭ كىچىك مىللەتلەرنى مەجبۇرى يوسۇندا ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشى بار. بۇ مىللىي زۇلۇمنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك بەلگىسى. ئۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنى زادى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇنىڭ مىللىي خۇسۇسىيىتىنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قەستەن چوڭ مىللەت بىلەن باراۋەرلىككە، ئۆزىگە - ئۆزى خوجا بولۇش ھەم قابىلىيىتىگە ئىگە ئەمەس دەپ ھاقارەتلەيدۇ. شۇ مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق ئەكسىيەتچى نەزىريەلىرىنى تەشۋىق - تەرغىپ قىلىدۇ. مىللەتلەرنىڭ مىللىي خۇسۇسىيەتلىرىنى مەجبۇرىيەت بىلەن يوقۇتۇشقا ئۇرۇنىدۇ"...

- سەيپىدىن ئەزىزى (15 - 16- بەت)

" -مانا بۇ مىللەتلەرنى ئاسسىمىلاتسىيەگە مەجبۇرى قىلىش ۋە تارىختىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئاسسىمىلاتسىيەتۇرلىغى بولدۇ ئەمما بۇنداق ئاسسىمىلاتسىيەتۇرلۇق ھەرقاچان، ھەر يەردە مىللەتلەرنىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا ئۇچراپ كەلدى. مىللەتلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىدە بۇنىڭغا قارشىلىق بار، بۇنداق ئاسسىمىلاتسىيە مىللىي ئىنقىلاپ تۇغدۇرغۇچى ئامىللارنىڭ بىرسى".

- سەيپىدىن ئەزىزى (16- بەت)

" -يەرلىك مىللەتچىلەر تىل مەسىلىسىدە مۇنۇ بىر نەچچە تۈرلۈك قارشىلىق بىلەن مەيدانغا چىقتى: ئۇنىڭ بىر خىلى خەنزۇ ئاتالغۇللىرىنى زادى ئالماسلىق. ئۇلار تىلىنىڭ مىللىيلىغى يوقۇلۇپ كېتىدۇ، دەپ خەنزۇ تىلىغا نىسبەتەن دەرۋازىنى بېكىتىۋېلىش، خەنزۇ تىلىنى چەتكە قېقىش...."

- سەيپىدىن ئەزىزى (23- بەت)

" -جۇزۇڭلى كۆرسەتكەندەك: <<يېزىقنى ئۆزگەرتىش پۈتۈن خەلقىمىزگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ بىر ئىش. ھۆكۈمەت بۇ ھەقتە ئېھتىيات بىلەن ئىش ئېلىپ بارماقتا>>".

- ئابدۇللا زاكىروۋ (81- بەت)

" -كونا يېزىقنى ئۆزگەرتىش ۋە يېڭى يېزىق قوللىنىش مۇددىتى:
بىز ھەر جەھەتتىكى تەلەپ ۋە ئىمكانىيەتكە قاراپ، يېڭى يېزىق لاھىيىسىنى سىناق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش مۇددىتىنى 3 يىلدىن 5 يىلغىچە (1960- يىلدىن 1962-يىلىنىڭ ياكى 1964- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە) قىلىپ بەلگىلەشنى تەكلىپ قىلىمىز".

- ئابدۇللا زاكىروۋ (82- بەت)

"1960-1961- يىلى ئوقۇش يىلىغا قوبۇل قىلىنغان بارلىق ئۇيغۇر، قازاق باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بىرىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىللىرىغا يېڭى يېزىق بىلەن دەرس ئۆتۈلۈدۇ".

- ئابدۇللا زاكىروۋ (85- بەت)

" -ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز تىللىرىنى خەنزۇ تىلىدىن سۆز قوبۇل قىلىپ تولۇقلىشى ۋە بېيىتىشى ئۆبيېكتىپ تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر ئومۇمى ئېقىمى".

- ئەلقەم ئەختەم (101- بەت)

" -تىل - يېزىق ساھەسىدە بۇرژۇئا تىلشۇناسلىق كۆز قارىشىدا بولغان بىر قىسىم زىيالىيلار خەنزۇ تىلىدىن مىللەتلەر تىللىرىغا سۆز قوبۇل قىلىشنى خالىماستىن ئۆز تىلىدىكى تۆپ سۆزلەردىن پايدىلىنىپ، يېڭى سۆز ئىجاد قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ".

- ئەلقەم ئەختەم (120- بەت)

" -ھەر قايسى مەتبۇئات ئورۇنلىرى سۆز - ئاتالغۇلارنى ھەر خىل قوللىنىپ كەلدى. مەسىلەن: بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىدا 'ۋېيشىڭ'، ئۈرۈمچى شىنجاڭ گېزىتىدە 'سۈنئىي ھەمراھ'، قەشقەر گېزىتىدە 'يەر يولدىشى....'"

- ئەلقەم ئەختەم (122- بەت)

" -بەزى كىشىلەر "مىللىي ئاسمىلاتسىيەگە قارشى تۇرۇش" نى بانا قىلىپ، خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبەسىنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىقلىرىنى ئۆزگەرتىشتە ئاساس قىلىشقا قارشى چىقتى. بۇ بۇرژۇئا مىللەتچىلىكىدۇر".

- شىنجاڭ گېزىتىنىڭ باش ماقالىسى (144- بەت)

**1960- يىللىرىدىكى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ مەسئۇللۇقى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان يېزىق ئۆزگەرتىش توغرىسىدا نەشر قىلىنغان كىتابتىن بىر قىسىم رەسىملىك كۆرۈنۈشلەر:**



سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنىڭ
تىل-يېزىق ساھەسىدىكى ئۇلۇق غەلىبىسى ئۈچۈن،
مىللەتلەرنىڭ تېخىمۇ ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقى ئۈچۈن كۈرەشەيلى

SOCIALISTIK INKILAPNING TIL-YEZIK SAHƏSIDIKI
ULUK ƢƏLIBISI ÜQÜN, MILLƏTLƏRNING TEHIMU
ITTIPAKLIƢI WƏ HƏMKARLIƢI ÜQÜN KÜRIXƏYLI

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



91381
U-1
6/600

سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ تىل - يېزىق ساھەسىدىكى ئۇلۇق غەلىبىسى ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشى ۋە ھەمكارلىشى ئۈچۈن كۈرەشەيلى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئۈرۈمچى — 1960



مۇندەرىجە

بەت

سەيپىدىن ئەزىزى... سوتسىيالىزمنىڭ ئىنقىلابىنىڭ تىل - يېزىق ساھەسىدىكى ئۇلۇغ غەلبىسى ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ تېخىمۇ ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقى ئۈچۈن كۈرەشەيلى . . . . . . . . . . . . 1

ئابدۇللا زاكىروۋ... يېزىق ئۆزگەرتىش ھەققىدە دوكلاد . . . . . . . . . . . . . . 41

ئىبراھىم ئىسمىئىلوۋ... بىرگە ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسى . . . . . . . . . . . . . 91

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت - لەرنىڭ يېزىقلىرىنى ئۆزگەرتىشنىڭ يانچىشى ... . . . . . . . . . . . . . 139

# سوتسىيالىزمنىڭ ئىنقىلابىنىڭ تىل - يېزىق ساھەسىدىكى ئۇلۇغ غەلبىسى ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ تېخىمۇ ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقى ئۈچۈن كۈرەشەيلى

(1959 - يىلى 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق تىل - يېزىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق)

سەيپىدىن ئەزىزى

مەن بۈگۈن تۆۋەندىكى 4 مەسىلە ئۈستىدە سۆزلەيمەن:

1 - بۇ يىغىننىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى؛
2 - ھازىرقى ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىلىرىمىز؛
3 - تىل - يېزىق مەسىلىلىرىگە دائىر بىر قانچە پىكىرلەر؛
4 - تىل - يېزىق ساھەسىدە تۆۋەنقىلىكى ۋەزىپىلەر

## 1 - بۇ يىغىننىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ 2 - قېتىملىق تىل - يېزىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى تارىخىي ئەھمىيەتلىك يىغىن بولدى. ئۇ، ئۆز ئىشىنى زور غەلبە بىلەن ئاياقلاشتۇردى. بۇ يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى سوتسىيالىزمنىڭ ئىنقىلابىنىڭ تىل - يېزىق ساھەسىدىكى زور

1

قىلىپ، ئۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قەستەن چوڭ مىللەت بىلەن باراۋەرلىك ھوقۇقىدا ئەمەس، ئۆزىگە – ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىدا ھەم قانداق ئىمتىيازغا ئىگە ئەمەس، دەپ قارايتتى. شۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق ئەكسىيەتچى نەزەرىيەلىرىنى تەشۋىق – تەرغىپ قىلدى. مىللەتلەرنىڭ مىللىي ھالىتىنى – مىللىي خۇسۇسىيەتلىرىنى مەجبۇرىيەت بىلەن يوقىتىشقا ئۇرۇندى. ئۆتمۈشتىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ، گومىنداڭنىڭ «نەسىلداش ئۇرۇقى» سىياسىتى ئەنە شۇ ئەكسىيەتچى ئاسسىمىلياتورلۇق سىياسىتىدىن ئىبارەت ئىدى.

مانا بۇ، مىللەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيەگە مەجبۇر قىلىش ۋە تارىختىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئاسسىمىلياتورلىقى بولۇپ، ئەمما بۇنداق ئاسسىمىلياتورلۇق ھەرقاچان، ھەريەردە مىللەتلەرنىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا ئۇچراپ كەلدى. مىللەتلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىدە بۇنىڭغا قارشىلىق بار، بۇنداق ئاسسىمىلياتسىيە مىللىي ئىنقىلابنى قوزغىغۇچى ئامىللارنىڭ بىرسى.

سوتسىيالىستىك ئەلدە ئەھۋال تامامەن باشقىچە. بۇنداق ئەلدە، يەنى مىللىي زۇلۇم يوقىتىلىپ، مىللەتلەر ئارىسىدا تەڭلىك ئورنىغان شارائىتتا، مىللەتلەر مەسىلىسى تامامەن يېڭى مەزمۇنغا ئۆزگىرىدۇ. مىللەتلەرنىڭ پۈتۈنلەي يېڭىچە سوتسىيالىستىك ھاياتى، مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆز ئارا دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقلىقتىن ئىبارەت بولغان يېڭى مۇناسىۋەت بارلىققا كېلىدۇ. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى – بىرلىكتە، بىر مەقسەت ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان كۈرەش نەتىجىسىدە مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىقى، ئۆز ئارا ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتى كېلىپ چىقىدۇ. دېمەك، سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىكى يېڭى ماددىي شارائىت ۋە ھەممە مىللەت

16

ئۈچۈن ئورتاق نىيەت مىللەتلەرنىڭ يېقىنلىشىشىنى، كېيىن پەيدىن – پەي بىرلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق بىرلىشىپ كېتىش «ماركسىستىك ۋە كوممۇنىستىك ئاسسىمىلياتسىيە» بولىدۇ. بۇ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. كىمكى بۇنداق ئاسسىمىلياتسىيەگە قارشى تۇرسا، ئۇ، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمغا قارشىلىق قىلغان بولىدۇ، ھەم تارىخىي ماتېرىيالىزمغا خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ.

كاپىتالىزم دەۋرىدە تەبىئىي ئاسسىمىلياتسىيە زادى بولمايدۇ، دېسەك توغرى بولمايدۇ. كاپىتالىزم دەۋرىدە مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆزلۈكىدىن (تەبىئىي يوسۇندا) بولىدىغان ئاسسىمىلياتسىيەمۇ بار. بۇ، مىللەتلەرنىڭ بىر – بىرى بىلەن ئارىلىشىپ ياشىشى نەتىجىسىدە، مەلۇم جەريان داۋامىدا بىر – بىرىگە يېقىنلىشىشى، ئۆرپ – ئادەت ۋە باشقا مىللىي خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ يېقىنلىشىپ ياكى بىرلىشىپ كېتىشىدىن ئىبارەت. بولۇپمۇ ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرى، خۇسۇسەن ئىشچىلارنىڭ كاپىتالىزم تۈزۈمىدە ئېغىر شارائىتتا، بىر نىيەتتە، بىرلىكتە ئەمگەك قىلىشى نەتىجىسىدە بۇنداق يېقىنلىشىشى، ئارىلىشىپ كېتىشى كۆپرەك بولىدۇ. بۇ، ئاسسىمىلياتسىيە ھېچقانداق مەمۇرىي مەجبۇرىيەت بىلەن ئەمەس، تۇرمۇشنىڭ ماددىي شارائىتىنىڭ تەلىپى بىلەن تەبىئىي يوسۇندا بولىدۇ. لېنىن ئاسسىمىلياتسىيەنى «ئۇلۇغ تارىخىي ئىلگىرىلەش» دەپ ئاتىغان. شۇنىڭ بىلەن لېنىن مۇنداق تەرەققىياتنى كاپىتالىزمنى سوتسىيالىزمغا ئايلاندۇرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچلەردىن بىرى، دەپ ھېسابلىغان.

بۇ يەردە شۇنى ئۇقتۇرۇپ ئۆتۈش كېرەككى، «ئازاتلىقتىن ئىلگىرى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور قارىمۇ – قارشىلىق، مىللىي زىددىيەت، مىللىي ئۆچمەنلىك بار»

17



ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ ئېلىپبە جەدۋىلى

| باسما شەكلى (چوڭى) | باسما شەكلى (كىچىكى) | يازما شەكلى (چوڭى) | يازما شەكلى (كىچىكى) | ئاتىلىشى | كونا يېزىقتا |
|---|---|---|---|---|---|
| A | a | A | a | a | ئا |
| B | b | B | b | be | ب |
| C | c | C | c | ce | تس |
| D | d | D | d | de | د |
| E | e | E | e | e | ې |
| F | f | F | f | ef | ف |
| G | g | G | g | ge | گ |
| H | h | H | h | ha | خ |
| I | i | I | i | i | ى |
| J | j | J | j | je | ج |
| K | k | K | k | ke | ك |
| L | l | L | l | el | ل |
| M | m | M | m | em | م |
| N | n | N | n | ne | ن |
| O | o | O | o | o | و |
| P | p | P | p | pe | پ |
| Q | q | Q | q | qiu | چ |
| R | r | R | r | ar | ر |
| S | s | S | s | es | س |
| T | t | T | t | te | ت |
| U | u | U | u | u | ۇ |
| V | v | V | v | ve | ۋ |
| W | w | W | w | wa | ۋ |
| X | x | X | x | xi | ش |
| Y | y | Y | y | ya | ي |
| Z | z | Z | z | ze | ز |
| Ƣ | ƣ | Ƣ | ƣ | ƣa | غ |
| Ħ | ħ | Ħ | ħ | he | ھ |
| Ⱪ | ⱪ | Ⱪ | ⱪ | ka | ق |
| Ə | ə | Ə | ə | ə | ە |
| Ɵ | ɵ | Ɵ | ɵ | ɵ | ۆ |
| Ü | ü | Ü | ü | ü | ۈ |
| Ʒ | ʒ | Ʒ | ʒ | ʒe | ژ |

79



...ۋاقتا؛ مۇمكىن قەدەر قىسقا مۇددەت ئىچىدە مەملىكىتىمىزنى زامانىۋى سانائەتكە، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىگە ۋە زامانىۋى پەن – مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان كۈچلۈك سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇش ئۈچۈن چېلىشىۋاقتا. بۇ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسىدۇر. بىز تىل-يېزىق ساھەسىدەمۇ تولۇپ-تاشقان غەيرەتكە كېلىپ ئىزدىنىشىپ يۇقۇرى ئورلەپ، ئىلغارلىقتا بەسلىشىپ، ئىلغارلارغا يېتىشىپ، ئىلغارلاردىن ئۆتۈپ يېزىق ئۆزگەرتىش خىزمىتىدىكى سەكرەش پىلانلىرىمىزنى ئۇتۇقلۇق ئورۇنلاش ئۈچۈن كۈرەشىشىمىز لازىم.

٩٠

## يېڭى ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسى

(1959 - يىلى 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق تىل - يېزىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا بېرىلگەن دوكلات)

ئەلقەم ئەختەم

(ئاپتونوم رايونلۇق يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتىنىڭ مائاۋىن جۇرىنى)

ۋەكىللەر!

بۇ نۆۋەت ئوتكۈزۈلۈۋاتقان ئىككىنچى قېتىملىق تىل-يېزىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىمىز ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەن بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر، قازاق خەلقلىرىنىڭ ھازىرقى قوللىنىۋاتقان يېزىقلىرىنى خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسى ئاساسىدا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بېرىلگەن دوكلاتنى چىن كۆڭلۈم بىلەن ھىمايە قىلىمەن.

يېزىق، تىلنى ئىپادىلىگۈچى قورال بولسا، سۆز-ئاتالغۇلار تىلنىڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى. تىلنىڭ سۆز ئاتالغۇلىرى (لۇغەت تەركىبى) قانچە بېيىغانسېرى، تىل شۇنچە تەرەققىي قىلىدۇ. تىلنىڭ بېيىشى ۋە رىۋاجلىنىشىنى ئاڭغا

٩١




ماقالىنىڭ مۇقىم كېلىش مەنبەسى:

http://www.uyghurensemble.co.uk/uy/?p=980